# 98580 ـ پايپاقنىڭ ئۈستىگە ئاياغ كىيگەن بولسا، ئۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسىغا مەسىھ قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا

**سۇئال**

تاھارەت ئېلىپ بولۇپ پايپاقنىڭ ئۈستىگە ئاياغ كىيدىم، ئاندىن يەنە تاھارەت ئېلىپ ئاياغنىڭ ئۈستىگە مەسىھ قىلدىم، ئەگەر ئاياغنى سېلىۋەتسەم، مەسىھ ۋاقتى داۋاملاشقان ۋاقىتتا مەسھىنى پايپاقنىڭ ئۈستىگە قىلسام توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

كىمكى ئاياغنىڭ ئۈستىگە ئاياغ كىيسە ياكى پايپاقنىڭ ئۈستىگە ئاياغ كىيگەن بولسا، مەسھىنىڭ ھۆكمى ئۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسىغا بولىدۇ؟ دېگەن مەسىلە تۆۋەندە تەپسىلى بايان قىلىنىدۇ: بۇ ھەقتە شەيخ مۇھەممەد بىن ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ:

1ـتاھارەت ئالغاندىن كېيىن پايپاق ياكى ئاياغ كېيىپ ئاندىن تاھارەت بۇزۇلسا، تاھارەت ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر ئاياغنى كىيسە، مەسىھ قىلىشنىڭ ھۆكمى دەسلەپتە كىيگەن ئاياغقا بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن مەسىھ قىلماقچى بولسا، دەسلەپتە كىيگەن ئاياغ ـ ياكى پايپاققا مەسىھ قىلىدۇ، ئۈستىگە كىيگەن ئاياغ ـ ياكى پايپاققا مەسىھ قىلىش توغرا بولمايدۇ.

2ـپايپاق ياكى ئاياغ كىيگەندىن كېيىن تاھارەت بۇزۇلغان بولسا، تاھارەت ئېلىپ پۇتىدىكى ئايىغىغا مەسىھ قىلىپ، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر ئاياغ ياكى پايپاق كىيگەن بولسا، ئۇ ۋاقىتتا توغرا قاراشتا مەسىھ قىلىش كېيىن كىيگەن پايپاق ياكى ئاياغنىڭ ئۈستىگە بولىدۇ. "پۇرۇ" ناملىق ئەسەردە ئىمام مالىكنىڭ قارشىغا مۇۋاپىق ئۇ، توغرا قىلغان بولدى" دەپ كەلگەن.

ئىمام نەۋەۋىي مۇنداق دەيدۇ: " چۈنكى بۇ ئېنىق بولغان قاراشتۇر، چۈنكى ئۇ كىشى كېيىنكى ئاياغنى تاھارەتنىڭ ئۈستىگە كىيدى، ئۇلارنىڭ: بۇ كامىل تاھارەت ئەمەس دېگەن سۆزى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

مۇشۇنداق دېگەندە، مەسھىنىڭ ۋاقتى ئاۋۋالقى مەسىھ قىلغان ۋاقىتتىن باشلىنىدۇ. بۇنداق ھالەتتە ئۇ كىشى ھېچ ئىككىلەنمەي دەسلەپتە كيىگەن ئاياغقا مەسىھ قىلسا بولىدۇ.

3–ئاياغنىڭ ئۇستىگە ياكى پايپاقنىڭ ئۇستىگە ئاياغ ياكى كالاچ كىيىپ ئۇستىدىكىگە مەسىھ قىلىپ ئاندىن ئۇستىدىكى ئاياغنى سېلىۋەتكەن بولسا، قالغان ۋاقىتتا ئاستىدىكى ئاياغقا مەسىھ قىلامدۇ؟دېگەن مەسىلىگە ئوچۇق جاۋاپ بەرگەن كىشىنى كۆرمىدىم. لېكىن ئىمام نەۋەۋي ئاباباس بىن سەرىجتىن بۇنى بايان قىلدى: ئۆتۈك ياكى ئاياغنىڭ ئۇستىگە ئاياغ ياكى كالاچ كيىسە، بۇنىڭدا ئۈچ تۈرلۈك مەنا ئىپادىلىنىدۇ: بىرى: بۇ ئىككىسى بىر ئاياغنىڭ ھۆكمىدە بولۇپ، ئۇستىدىكى ئاياغ پۇتنىڭ دۈمبىسىنىڭ ئورنىدا، ئاستىدىكى ئاياغ پۇتنىڭ ئاستىنىڭ ئورنىدا بولىدۇ، شۇڭىغا ئاساسەن ئۇستىدىكى ئاياغقا مەسىھ قىلىشنىڭ مۇددىتى ئاخىرلىشىپ بولغىچە ئاستىدىكى ئاياغقا مەسىھ قىلسا دۇرۇس بولىدۇ، خۇددى ئۇستىدىكى ئاياغ يىرتىلغان بولسا چوقۇم ئاستىدىكى ئاياغقا مەسىھ قىلىدۇ". شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىنىنىڭ "تاھارەت پەتىۋالىرى" 192–بەت.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندىن شۇ ئېنىق بولدىكى، پايپاقنىڭ ئۇستىگە ئاياغ كىيىپ ئاندىن ئۇستىدىكى ئاياغنى سېلىۋەتكەن بولسا، ئۇ كىشىنىڭ مەسھىسى بۇزۇلمايدۇ، ئۇ كىشى يۇقىرىدا شەيخ زىكىر قىلغان ئۈچ تۈرلۈك ھالەتنىڭ ھەممىسىدە مەسھىنىڭ ۋاقتى ئاخىرلاشقانغا قەدەر ئاستىدىكى ئاياغقا مەسىھ قىلسا بولىدۇ.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.